ئەسەرلەر گۈلىستانى

# نُساتسلك لاتابستى هايادُور

(ئىبن سىنا ھېكمەتلىرىدىن)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئىنساننىڭ لاتاپىتى ھايادۇر

(ئىبن سىنا ھېكمەتلىرىدىن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئابدۇلھەمىت ياقۇپى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

矜持是人的美德：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-774-0

I. 矜… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—
维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024502 号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　矜持是人的美德
策　划　穆拉提·伊力
主　编　阿迪力·穆罕默德
编　著　阿布都勒哈米提·亚库比
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　版　新疆美术摄影出版社
　　　　新疆电子音像出版社
地　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　编　830000
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　刷　新疆新华印刷厂
开　本　880×1230 毫米　1/32
印　张　3.125
版　次　2009 年 3 月第 1 版
印　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-80744-774-0
定　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ئىنساننىڭ لاتاپىتى هايادۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابدۇلھەمىد ياقۇبى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-774-0
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئىنسانىنىڭ لاتاپىتى ھايادۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك تېببىي ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 — 1037) نىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆزبېكىستان ئەدىبلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئىبن سىنا ئەسەرلىرىدىن ھېكمەتلەر» دېگەن كىتابنىڭ تەرجىمىسى بايان قىلىندى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# ئىبن سىنانىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تېبابەتچىلىككە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى

ئىبن سىنا زادى كىم؟ دوختۇرلار ئۇنى: «مەشھۇر دوختۇر» دېسە، ماتېماتىكلار: «ياق، ئۇ مەشھۇر ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم» دەيدۇ.

«ئۇ داڭلىق شائىر ۋە ئەدىب» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئەدىبلەر.

گېئولوگلار: «ئۇ گېئولوگىيە ئىلمىنىڭ نەزەرىيىچىسى ئەمەسمۇ؟» دېسە، «ئۇ مۇزىكا ئىلمىنىڭ نەزەرىيىچىسى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ مۇزىكانتلار.

پەيلاسوپلار بولسا «ئۇ پەيلاسوپ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

........................

ئاتاقلىق يازغۇچى ۋ.ۋوسكوبوينىكوفنىڭ ئىبن سىنا ھاياتىغا بېغىشلاپ يازغان مۇھىم ئەسىرى «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا» نىڭ باش قىسمىغا مۇقەددىمە ئورنىدا يېزىلغان ئۇشبۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننىڭ ئىبن سىناغا بولغان قايىللىقى ھەسسىلەپ ئاشماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، ئىبن سىنا ئەنە شۇنداق كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھۆرمەت ساھىبىغا ئايلىنىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە تېبابەتچىلىك ئىلمىگە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە ئۆزگىچە مەنىۋى ھەيكەل تىكلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىبن سىنا ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىلا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، جۈملىدىن تېبابەتچىلىك ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرى بۈگۈنكى ھالدىلا تىلغا ئېلىنىپ كۆپايسىلەندى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنا مىلادىيە 980 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق بۇخارا يېنىدىكى ئەفشانەدە تۇغۇلۇپ، 1037 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھەمەداندا ۋاپات بولغان بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ماتېرىياللاردا ئىبن سىنانىڭ ۋاپاتى ھەققىدە بىرقانچە خىل قاراش بار. «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا»ناملىق كىتابتا، ئۇ ئېغىر بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغاندا شاگىرتى ئۆزى ئۆگەتكەن تەلەپ بويىچە دورا تەييارلاپ، 39 قېتىم ئىچكۈزۈپ ئاخىرقى بىر قېتىملىقى قالغاندا، ھاياجانلانغانلىقىدىن قولى تىترەپ كېتىپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۇنۇم كۆرسىتەلمىگەن ئاخىرقى دورىنى ئىچەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنلىكى يېزىلغان بولسا، ئاتاقلىق تارىخچى مىرخۇندىنىڭ «رەۋزە تۇسسەفا» ناملىق كىتابىدا: «شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا قۇلۇنجى (ئۈچەي توسۇلۇش) كېسەللىكى بىلەن ئاغرىدى ۋە بۇنىڭغا ئۈچەي يارىسى، ھوشسىزلىنىش، بوغما قوشۇلدى. شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ھەركۈنى بىر خىل مەجۇن دورىنى يەيتتى. خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە خىيانەت قىلغانلىقتىن ئالىمنىڭ كېسەلنى ساقىيىپ قېلىشتىن ۋە ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتىدىن ھېساب ئېلىنىپ تۇتۇلۇشتىن قورقۇپ، ئالىم ئۈچۈن تەييارلانغان دورىنىڭ تەركىبىگە ئەپيۇن قوشۇپ قويىدى. ئىبن سىنانىڭ ئاغرىقى مەزكۇر خىيانەتچى دۈشمەنىنىڭ قەستى ۋە ئالائىد دەۋلەگە ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان جېدىدىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئېغىرلىشىپ كېتىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن، ئالىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى كەمبەغەل - يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىپ، مىلادىيە 1035 - يىلى دۇنيادىن ئۆتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئىبن سىنا ئۆز ھاياتىدا 450 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، بىزگىچە ئۇلارنىڭ 242 پارچىسىلا يېتىپ كەلگەن. شۇ 242 پارچە ئەسەردىن 80 پارچىسى پەلسەپە، ئىلاھىيەت ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت؛ 43 پارچىسى تىبابەتكە ئائىت؛ 19 پارچىسى مەنتىقىغە ئائىت؛ 26 پارچىسى پسىخولوگىيە؛ 23 پارچىسى تەبىئەت ئىلمىگە؛ 7پارچىسى ئاسترونومىيىگە؛ 1 پارچىسى ماتېماتىكىغا؛ 1

پارچىسى مۇزىكىغا؛ 2 پارچىسى خىمىيىگە؛ 9 پارچىسى ئېتىكىغا؛ 4 پارچىسى ئەدەبىياتقا ۋە 8 پارچىسى باشقا ئالىملار بىلەن بولغان ئىلمىي مەكتۇپلارغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ تېبابەتكە ئائىت يېزىلغان «ئەل - قانۇن»، «ئەش - شىفا»، «ئەل - قۇلۇنج»، «ئەل - مىزاج»، «بەدەننى ئىدارە قىلىش، شارابنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ زەرەرلىرى»، «تومۇرنىڭ سوقۇشى ھەققىدە رىسالە»، «قان ئېلىنىدىغان تومۇرلار ھەققىدە رىسالە»، «شەھۋانىي قۇۋۋەتلەر ھەققىدە رىسالە»، «تۇرمۇشتىكى سەۋەنلىكلەرگە تەدبىرلەر»، «يۈرەك دورىلىرى»، «قەلب كېسەللىكلىرىنى داۋالاش»، «ئۇرجۇزە» (تېببىي داستان)، «غەمنى يوقىتىش»، «غەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە»، «ئۆمرى تەبىئىيە»، «سانجىق رىسالىسى»... قاتارلىق ئەسەرلىرى پەقەت تۈركىي مىللەتلەر تېبابەتچىلىك تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا تېبابەتچىلىك تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئاتاقلىق مېدىتسىنا تارىخچىسى ب.د. پېتروۋ تەرىپىدىن «ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە كېسەللىككە ئائىت ھەممە مەسىلىلەرنى ئۆز دەۋرى ئىلمىي سەۋىيىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەل بايان قىلغان مېدىتسىنا ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر» دەپ نام بېرىلگەن مەشھۇر ئەسىرى «ئەل - قانۇن» تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولغاچقا، 12 - ئەسىردە ياشىغان نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى ئۇنى تەرىپلەپ «ئەگەر بوقرات ۋە جالىنوس (ھىپپوكرات ۋە گالېن) تىرىلىپ قالسا، بۇ كىتاب ئالدىدا سەجدە قىلىشى لازىم بولار ئىدى» دەپ يازغان.

«ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئېچىش» يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن شەرقنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەللامەسى — ئىبن سىنا ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەن «سىنا» (ھەيكەل) تەخەللۇسىنىڭ نامىغا لايىق تۆھپە يارىتىپ ئىلىم - پەننىڭ ھەقىقىي «سىنا» سىغا ئايلانغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن قەدىمكى يۇنان تېبابەت ئىلمى پېشۋالىرى ھىپپوكرات ۋە گالېن نامى بىلەن باغلىنىدىغان «مېدىئولوگىيە» ئىبن سىنادىن كېيىن دۇنيا ئىلىم ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان «مېدىتسىنا» نامىغا ئۆزگەردى. بۇ خەلقئارا نامدىكى

«مېدىت» ــ گرېكچە مېدىئولوگىيە (تېبابەت ئىلمى) دىن ئېلىنغان بولۇپ، «سىنا» مۇقەررەركى، ئىبنى سىنا نامى بىلەن باغلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ پەن ساھەسىدىكى كاتتا شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. ھاياتلىقىدىلا «پەلسەپە شاھى»، «تېبابەت سۇلتانى»، «ئىككىنچى فارابى»، «ئاۋسىنېنا» دەپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىبنى سىنا ۋاپاتىدىن كېيىن غەرب دۇنياسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئالبېرت دانتىنىڭ «ئىلاھى كومېدىيە» ناملىق شېئىري تىرلوگىيىسىدە، جوردانوبىرونونىڭ «دىئالوگلار» ناملىق ئەسىرىدە، ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ «گېرمان ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە، جاۋاھىرول نېھرونىڭ «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» ناملىق كىتابىدا ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ مىڭلىغان ئالىم ۋە ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىندى. ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېيى.ژ. شېللارد ئېيتقاندەك: «ئۇنىڭ نامى نۇرغۇن تۆھپىلىرى بىللە بىلەن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە پائالىيەت قىلماقتا.» ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە تېبابەتشۇناسلىق دەستۇرى «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» ئىككىنچى مىڭ يىللارنىڭ تەگدىن تولىسى مابەينىدە 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە غەرب ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىك قوللانمىسى قىلىندى. ھەتتا ياۋروپادا بۇ «شەيخۇل رەئىس» نىڭ نامىدا «ئاۋسىنېنا II» دېگەن مۇكاپات ئۇنۋانى تەسىس قىلىنىپ (ئىبنى سىناغەرب دۇنياسىدا «ئاۋسىنېنا» دەپ ئاتالغان. پادىشاھ كىكمونتV نىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادىيە 1309 ـ يىلدىن 1557 ـ يىللىرىغىچە ئىتالىيىنىڭ مونپېلىئى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» ناملىق ئەسىرى دەرسلىك قىلىنغان. تۇنجى قېتىم ئىتالىيىلىك دوختۇر ياندىر فۇلىنىم «ئاۋسىنېنا II» ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان)، ھازىرقى زامان «نوبېل مۇكاپاتى» نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. (بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇكېرىم رەھمانىنىڭ «يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى ئۇلۇغ ھېكىم ــ ئىبنى سىنا» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ. ئا). شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىنسان

ئەقلىنىڭ ئۇلۇغ بىلىش ۋە تىزگىنلەش كۈچىنى نامايان قىلغان بۇ ئۇلۇغ ھېكىمنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى ئاجايىپ يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلەپ كەلمەكتە. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشىنىڭ 1952 - يىلىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1980 - يىلى بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى دۇنيا بويىچە داغدۇغىلىق خاتىرىلىگەنلىكى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى.

ئىبنى سىنانىڭ تېبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان بولۇپ، ئىبنى سىنا دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئىبنى سىنانىڭ تېببىي تەلىماتلىرى ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت فارابىنىڭ ئىلغار نەزەرىيۋى تەلىماتلىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە يېڭى مەزمۇن قوشقان. قىسمەن ئالىملار ئىبنى سىنا تەلىماتلىرى ئىچىدىكى بىرقىسىم مەزمۇنلارنىڭ ئەرەب تېبابەت ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىغا يانداشىپ كېتىدىغانلىقىغا قاراپ ئىبنى سىنانى «ئەرەب تېبابەت ئالىمى ۋە پەيلاسوپى» دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۇلار ماھىيەتتە «ئەرەب تېبابەتچىلىكى نوقۇل ئەرەب مىللىتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تېببىي ئۇتۇقى بولماستىن، ئۇ ئەرەب خەلىپىلىكى تەسىرىدىكى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى كۆپ مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل تېببىي ئۇتۇقلىرىنىڭ مۇجەسسىمىدىن ئىبارەت» (ئا. مۇھەممەتئىمىن) ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشمىغان. ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقاتچىسى سۇن جيەندى ئۆزىنىڭ «ئىبنى سىنا قەدىمىي ئەرەب تېۋىپى ئەمەس» ناملىق ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«تەكلىماكان قۇملۇقىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي مەدەنىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىبنى سىنا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن زامانلاردىلا تارىم ئويمانلىقىدا پەرغانە ئويمانلىقىدىكىگە ئوخشاش يۇقىرى سەۋىيىلىك تېبابەت مەدەنىيىتى ۋە مەرىپەت ئاللىقاچان مەۋجۇت

بولغان»، «فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە تېبببىي نەزەرىيىسى ئاللىقاچانلا ئىبن سىنانىڭ ھەرخىل تەلىماتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن»، «ئىبن سىنانىڭ ‹ئەل قانۇن› نىنى ئانالىز قىلغاندا مۇنداق بىر خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: ‹ئەل قانۇن› قەدىمىي يۇنان تېبابىتىگە مەنسۇپ ئەمەس ھەم ھىندى تېبابىتىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئەرەب تېبابىتىگە تېخىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇ، غەربىي دىياردىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تېبابەت ئىلمىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا تېبابىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا پامىرنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتىدۇر. مەسىلەن: تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان، ئىبن سىنادىن 290 يىل بۇرۇن يېزىلغان ‹ئۇيغۇر تېبابىتى يازما يادىكارلىقلىرى› دا ئىچكى ئەزا يارا كېسەللىكلىرى سەۋەبىنىڭ كۆپىنچە قان ۋە سەپرادىن ئىكەنلىكى؛ بەلغەم، سوغۇق يەل، ئوت ۋە باشقا سەۋەبلەرنىڭ ساقايتقىلى بولمايدىغان ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى؛ نامازشام قارىغۇسىنى داۋالاش؛ قان سىيىشنى داۋالاش، غالجىر ئىت كېسەللىكىنى داۋالاش؛ بەرەس كېسەللىكىدە ئارپىبەدىيان ئىشلىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر تېبببىي ـ دورىگەرلىك ساۋاتلىرىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئىبن سىنا ‹ئەلقانۇن› نىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى بىزگە نامەلۇم. يەنە مەسىلەن ئېيتايلۇق: بالا ساغۇندا تۇغۇلغان فارابى پەيلاسوپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەمەلىيەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن تېبببىي ئالىم ئىدى. ئۇ 4 چوڭ ماددا تەلىماتىنى ئىبن سىنادىن 30 يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ‹ئادەم ئاناتومىيە ئىلمى›، ‹نېرۋا ئىلمى›، ‹ئەزالارنىڭ خىزمىتى›، ‹تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق، ھۆل ـ قۇرغاقلىقى› قاتارلىق ئەسەرلىرى 30 يىلدىن كېيىن يەنە ئىبن سىنانىڭ ‹ئەل قانۇن› نىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىمۇ بىر ئەمەلىيەت...»

ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنانىڭ تېبببىي ئەسەرلىرى بىلەن قىسمەن بولسىمۇ تونۇشلۇق بولغان كىشىلىرىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىبن سىنا تېبابەتچىلىك ئىلمى توغرىسىدا تەبىر بېرىپ: «تېبابەتچىلىك شۇنداق ئىلىمكى، ئۇ ساغلاملىق ۋە كېسەللىك جەھەتلىرىدىن ئادەم



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بەدىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ساقلىقنى ساقلاپ، يوقىتىلغان ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئۇ تىبابەتچىلىك ئىلمىنى خۇددى فارابىدەك «نەزەرىي تىبابەتچىلىك» ۋە «ئەمەلىي تىبابەتچىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلىدۇ. ئۇ: «تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى دېگەندە، بىز تىبابەتچىلىك قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشنى چۈشىنىمىز» دەيدۇ. ئىبن سىنا تىبابەتچىلىكنى ساغلاملىق ۋە كېسەلچىلىكتىن ئىبارەت قارىمۇقارشى ھادىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم سۈپىتىدە ئىزاھلاش بىلەن، ئۆز كىتابىغا «تىب قانۇنلىرى» دەپ نام بەرگەن. ئىبن سىنا تىبابەتچىلىك قانۇنلىرىنى «ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر ۋە خۇسۇسىي قانۇنىيەتلەر» دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلگەن.

بىزگە مەلۇمكى، مەيلى تېۋىپ بولسۇن ۋەياكى ئادەتتىكى بىر شەخس بولسۇن، ھەممىسى چوقۇم ئىنسان مىزاجىنى تولۇق بىلىشى زۆرۈر. ئۆز مىزاجىنى بىلگەن ئادەم ئۆز سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. ھېكىم ئىبن سىنا «ئەل قانۇن» ناملىق كىتابىدا مىزاج ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مىزاجى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلگىنكى ھەربىر ھايۋان ۋە ھەربىر ئەزادا ئىمكانىيەت كۆتۈرگىنىچە ئۆزىگە لايىق ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە ئەھۋالىغا مۇناسىپ مىزاج بولىدۇ، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى تەكشۈرۈش تېۋىپقا ئەمەس، پەيلاسوپقا تەئەللۇقتۇر. ئادەمگە شۇ ئادەمدە بولۇش مۇمكىن بولغان ۋە ئادەمنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەسىرلىنىشىگە ۋاسىتە بولىدىغان قۇۋۋەتلەرگە مۇناسىپ ئەڭ مۆتىدىل مىزاجى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر ئەزاغا لايىق مىزاج بولىدۇ. يەنى بەزى ئەزا ئىسسىقراق ۋە بەزىسى سوغۇقراق، بەزىسى قۇرۇقراق، بەزىسى ھۆلرەك بولىدۇ.

بەدەندىكى ئەڭ ئىسسىق نەرسە روھ ۋە روھنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى — يۈرەكتۇر. ئۇندىن كېيىنكى دەرىجىدە تۇرغۇچى قاندۇر. چۈنكى قان جىگەردە پەيدا بولسىمۇ، يۈرەك بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈن، جىگەردە يوق ئىسسىقلىقنى ئۇ يەردە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن

كېيىنكى دەرىجىدىكى ئىسسىق مىزاجلىق ئەزا جىگەردۇر. چۈنكى جىگەر قاتتىق قان كەبىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆپكە، ئۇنىڭدىن كېيىن گۆش (مۇسكۇل) تۇر. مۇسكۇلغا سوغۇق مىزاجلىق ئەسەب تالالىرى تۇتاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ئۆپكىنىڭكىدىن كەمرەكتۇر. مۇسكۇلدىن كېيىن ئىسسىق مىزاجلىق ئەزا مۇشەكلەردۇر. مۇشەك ئەسەبلەرنىڭ ۋە كۆمۈرچەكلەرنىڭ كېلىپ تۇتىشىش سەۋەبلىك ئىسسىقلىقتا ئادەم مۇسكۇلىدىن تۆۋەنرەكتۇر. ئۇندىن كېيىنكىسى تالدۇر. چۈنكى تالدا قان قويۇلۇش (قويقاسى) باردۇر. ئۇندىن كېيىنكىسى بۆرەكتۇر. بۇنىڭدا قان كۆپ ئەمەس. ئۇندىن كېيىنكىسى ھەرىكەتلىك تومۇرلار (ئارتېرىيىلەر) تەبىقىسىدۇر. بۇ تەبىقىنىڭ ئىسسىقلىقى ئەسەبكە نىسبەتلىك ماددىدىن بولغانلىقى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىكى قان ۋە روھنىڭ ئىسسىقلىقىنى قوبۇل قىلىشلىرى سەۋەبلىكتۇر. ئۇندىن كېيىن ھەرىكەتسىز تومۇرلار (ۋېنالار) تەبىقىسى تۇرىدۇ. بۇلار ئىسسىقلىقنى پەقەت قاندىن ئالىدۇ. ئۇندىن كېيىن تېرە ۋە ئالىقاننىڭ مۆتىدىل مىزاجلىق تېرىسى تۇرىدۇ.

بەدەندىكى ئەڭ سوغۇق مىزاجلىق نەرسە بەلغەم، ئۇندىن كېيىن چاۋا ياغ، موي، سۆڭەك، تاغاق، كۆمۈرچەك، پەيلەر، پەردىلەر، ئەسەبلەر، ئارقا مېڭە، باش مېڭە ۋە سىرتقى تېرىدۇر.

بەدەندىكى ئەڭ ھۆل نەرسە بەلغەم، قان، ياغ، چاۋا، باش مېڭە، ئارقا مېڭە، ئەمچەك ۋە ئۇرۇقدان مۇسكۇلى، ئاندىن كېيىن ئۆپكە، جىگەر، تال، بۆرەكلەر، مۇشەكلەر، ئاندىن تېرىدۇر.»

«بەدەن تېرىسىنىڭ ئەڭ مۆتىدىلى قول تېرىسى بولۇپ، قول تېرىسىنىڭ ئەڭ مۆتىدىل جايى ئالىقان تېرىسى، بۇنىڭ ئەڭ مۆتىدىل جايى ئالىقان ئوتتۇرىسىنىڭ تېرىسى. بۇندىن مۆتىدىلرەكى بارماقلار تېرىسى. بۇندىن مۆتىدىلرەكى كۆرسەتكۈچ بارماق تېرىسى، بۇنىڭ ئەڭ مۆتىدىل جايى بارماق ئۇچىنىڭ تېرىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە باش بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى، تېگىپ بىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ دەرىجىلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىپ بەرگۈچىلەردۇر.»

ئىبن سىنا ئەزالارنىڭ مىزاجلىرى ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مىزاجنى بىلىش ھەققىدىمۇ قىسمەن توختالغان. ئۇ «تېببىي داستان» ىدا بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

ئۇندىن كېيىن كېلۇر ساڭا ئىلمىي مىزاج،
ئۇنىڭ ھۆكمى ياردەم بېرۇر قىلساڭ ئىلاج.
ئەمما مىزاج قۇۋۋەتلىرى تۆتلا ھەرگىز،
ھېكىم ئۇنى قوشۇپ ئېيتۇر ياكى يالغۇز.
ئۇلار — ئىسسىق، سوغۇق، يۇمشاق، قۇرۇق ئېرۇر،
تۇتۇپ كۆرسە ھەركىم ئۇنى ئېنىق سېزۇر.
مىزاج قۇۋۋەتلىرى روكىن زامانلاردا،
ئۆسەر نەرسىلەردە بارچە ماكانلاردا.
ئىپادىلىنەر ئېگىلگەن بىخايەتتە.
ئىسسىقلىق ئۇ ئوت، ھاۋادا مەۋجۇت ئېرۇر،
سوغۇق بولسا — تۇپراق بىلەن سۇدىن كېلۇر.
قۇرۇقلۇق ئوت بىلەن تۇپراق بىلەن مابەينىدە،
ھۆللۈك بولسا — سۇ ھەم بۇلۇتنىڭ قوينىدا.
بىرنىكەر بار، بىرنىكمەس بار ۋۇجۇد ئۆزرە،
بىزگە بارلىق ھاكىم بولمىش جەۋھەر ئىچىدە.
بىر تەبىئەت كۆرۈنىدۇ تۈرلۈك - تۈمەن،
ئەمما زىت بوپ كۆرۈنمەي دەپ ئۇ بىرىككەن.
مۇرەككەپ ماددا مىزاجىنى تەرىپ ئەتسەك،
ئۇندىن بىرى ئارتۇق بولۇر، بىرى كەمرەك.
ئۇ ئۆزىدە تۆت سۈپەتنى جەملەپ ئالغان،
شۇ سەۋەبلىك ئۇ مۆتىدىل بولۇپ قالغان.
بىر مىقداردا بىرلەشكەن بۇ تۆت خىل نەرسە،
بۆلگەن كەبى ئۇنى ئەسلىي بىر ئۆلچەمدە.
مۆتىدىللىكتىن بولۇشقان ئۇلار بىرئاز،
بىرتەرەپكە مايىل بولغان ھەربىر مىزاج.
ئەسلا ئۇلار قۇۋۋەتلەردىن خالىي بولماس،

مىزاجلاردا قۇۋۋەتلەرمۇ تەڭپۇڭ تۇرماس.
ئۇنداق مىزاجلار غالىب ئۇ، شۇنداق بولۇر،
يا ئۇتلۇق يا تۇپراق، سۇلۇق دەپ ئاتىلۇر،
بۇ مىزاجنىڭ بىر تۈرى بار يەلگە نىسبەت،
بۇ ھەممىسى ئىستىلادا شۇنداق ئەلۋەتتە.
مىزاجلارنىڭ توققۇز خىلىنى قىلدىم ئايان،
ئىجاد بىلەن سۆز قاتىمىدىم ئەيلەپ بايان.

مەيلى ئەزالار مىزاجىنى ئىنقىلاش بولسۇن ۋەياكى پەسىللەر مىزاجىنى ئىنقىلاش بولسۇن ئوتتۇرا ئەسىرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى زور ئىلگىرىلەش ئىدى. زامانىۋى پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردىكى مىزاج تەلىماتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئىبنى سىنا تەرىپىدىن مۇكەممەللەشكەن مىزاج تەلىماتىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئىبنى سىنا مىزاج تەلىماتىنىڭ بۈگۈنكى تەلىماتلار ئۈچۈن ئۈرنەك بولۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.
ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ تېبابەت دەستۇرى «ئەل قانۇن»دا شەقىقە، ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، نېرۋا كېسەللىكى قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكلەرنى تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن: ئۇ يەنە دۇنيادا تۇنجى بولۇپ، چۇما كېسىلىنى ۋابادىن پەرقلەندۈرگەن ھەمدە ماخاۋ، سېرىق كېسەل، كۆيدۈرگىنىڭ تەرىپىنى ۋە دىئاگنوزىنى كۆرسىتىپ بەرگەن: ئۇ يەنە تۇنجى قېتىم كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ تورلىشىشىنى تەرىپلەپ، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسىلىنى جەرراھلىق (ئوپېراتسىيە قىلىش، يېرىش) يولى بىلەن داۋالاشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن؛ سىفلىس، قىزىل، ۋابا قاتارلىق تېز تارقالغۇچى كېسەللىكلەرنى تۇنجى قېتىم ئىنقىلاپ، بۇ كېسەللىكلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇششاق جاراسىملارنىڭ (مىكروب، ۋىرۇس) كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. يەتتە ئەسىردىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئانتون لىۋېنكوك (1632 ــ 1723) تەرىپىدىن

مىكروسكوپتا باكتېرىيە (مىكروپ) لەر بايقالغاندىن كېيىن، ئىبن سىنانىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا مىكروسكوپ 1667 - يىلى ئەنگلىيىلىك ھۆجەيرىشۇناس روبېرت كوك تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان ۋە شۇندىن كېيىن ھۆجەيرە تالالىرىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. ۋەھالەنكى ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئىبن سىنا تۇنجى قېتىم نېرۋا ھۆجەيرىلىرىنى تەرىپلەپ: «نېرۋىلار مېڭە ۋە ئارقا مېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان تاق ئەۋرىشىم جىسىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈشى ۋە ئاجرىلىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس. نېرۋىلار سېزىم ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ» دېگەن. ئىبن سىنا كېسەللىكنى بايقاشنىڭ 60 تۈرلۈك ئاددىي، 30 تۈرلۈك مۇرەككەپ تومۇر ھەرىكىتى، كۈچى، تېزلىكى، رىتىمى ھەققىدە توختىلىپ، تومۇر تۇتۇشنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلىلىرىگە ئېنىقلىما بەرگەن ۋە تۇنجى قېتىم كۆكرەكنى بارماق ئۇستىدىن چېكىپ يۈرەك ئېقىتىدارىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئىبن سىنانىڭ قەنت سىيىش (دىئابىت) كېسىلىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى، قان ئېلىش، روھىي كېسەللىكلەرنى بايقاش ۋە داۋالاش، مىزاج - خىلىتلار تەلىماتى، سۇنۇقنى داۋالاش ئۇسۇلى... قاتارلىقلار ئىجادىيلىقى ۋە خاسلىقى ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كېسەللىك رېتسېپلىرى ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ھېكىم ئىبن سىنا ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ھەققىدىمۇ بىر قاتار تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ «بالىياتقۇ راكىنى داۋالاشتا دەستلىكار (ئوپېراتسىيە) ئۇسۇلى قوللانغاندا، ئەتراپقا يامرايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا داغلاشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم» دەپ قارىغان ھەمدە بالىياتقۇ راكىنى داۋالاشتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە بالىياتقۇ يېرىلىش كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ داۋاسى ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «بالىياتقۇ يېرىلىش مىزاجنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئالدى بىلەن مەزكۇر ماددىنى پىشۇرۇپ، سۈرۈپ چىقىرىش، ئاندىن

يەرلىك ئورۇنغا بىنەپشە يېغىنى مۇم يېغى (قىرۇتى) بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ ھەمەل قىلىش؛ شۇنىڭ بىلەن مەقئەت يېرىلىش (شەققا
قۇلمەقئەد) كېسەللىكىدە كۆرسىتىلگەن ئىلاجلارنى تاللاپ قوللىنىش؛
مەلھەمى باسلىقۇننى رەۋغىنى بىنەفشە بىلەن بىللە ھەمەلچە قىلىش
لازىم. ئەگەر پەرج ۋە رەھىمنىڭ ئاجىزلىقىدىن يېرىلىش يۈز بەرگەن
بولسا، سۆسەن يېغى بىلەن ئاقاقىيانى بىرلەشتۈرۈپ ھەمەلچە قىلىش؛
قىزىلگۈل، گۈلنارلارنى قايىنىتىپ دائىم ئىستىنجا قىلىش (جىنسىي
يولنى يۇيۇش) كېرەك. زەيتۇن يېغى قوشۇپ ئىشلەتسە تېخىمۇ
ياخشى.
مىزاج سازەج (ماددىسىز) بۇزۇلۇشتىن بالىياتقۇ يېرىلغان بولسا،
تۇتىيانى گۈل يېغىدا سۈرۈپ ھەمەلچە قىلىش لازىم. بالىياتقۇ
يېرىلىشىنىڭ مەنبەسى بەدەندە قۇرۇقلۇقنىڭ غەلىبىسىدىن بولسا،
ئومۇمىي بەدەننى ھۆللەندۈرۈش، بەدەننى سەۋدادىن تازىلاش،
ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. شەربىتى بىنەپشە،
شەربىتى خەشخاشلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، رەۋغىنى
بادام، رەۋغىنى بىنەپشە، توخۇ يېغى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش؛
بالىياتقۇ يارىسى ۋە مەقئەت يېرىلىشتا قىلىنىدىغان ئىلاجلارنى
تاللاپ ئىشلىتىش لازىم.»
ئىبن سىنا ئىشق كېسەللىكى ئۈستىدە بىرىنچى بولۇپ تەجرىبە
ئېلىپ بارغان ھېكىم بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە دورىسىز
ھالدا كېسەل داۋالاش — روھىي جەھەتتىن داۋالاش بىلەن
شۇغۇللىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان تېۋىپ ئىدى. بۇ ھەقتە
ھەرخىل ھېكايەت ـ رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، بۇلار بىزنى
ئىشەنچلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. چۈنكى ئەنگلىيىلىك ئالىم
توماس ھېكسلىي «ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى»
ناملىق كىتابىدا ئېيتقىنىدەك: «قەدىمكى زاماننىڭ رىۋايەتلىرىنى
ھازىرقى زاماننىڭ جىددىي پەننىي ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان
بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپى چۈشكە ئوخشاش ئاددىي غايىب بولىدۇ.
لېكىن شۇنىسى ئاجايىپكى، چۈشكە ئوخشايدىغان مۇنداق رىۋايەتلەر
كۆپ ھاللاردا يېرىم ئويغاق، يېرىم ئۇخلاۋاتقان ھالەتتىكى چۈشتىن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com